# بېيدوۇ سۈنئىي ھەمراھى يەر شارىۋى تورىنىڭ تەشكىللىنىشى كىشىلەرگە نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى
خۇ جې، يەن جىنخۇڭ

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، بېيدوۇ 3 - نومۇرلۇق يەر شارىۋى سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى يۇلتۇزلار تورىكۈمى ئورۇنلاشتۇرمىسى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى. بۇ، دۆلىتىمىز ئۆز ئالدىغا قۇرغان، مۇستەقىل ئايلىنىدىغان يەر شارىۋى سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى بولۇپ، پۈتۈن يەر شارىدىكى ئابونتچىلارنى ھاۋا رايى چەكلىمىسىگە، ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان، ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان ئورۇن بەلگىلەش، يول باشلاش ۋە ۋاقىتتىن خەۋەرلەندۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2019 - يىلى دۆلىتىمىزنىڭ سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يول باشلاش ۋە ئورۇن مۇلازىمىتى كەسپىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 345 مىليارد يۈەنگە يەتكەن. بېيدوۇ سۈنئىي ھەمراھى يەر شارىۋى تورىنىڭ تەشكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، «بېيدوۇ» ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش ۋە سودا ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىشتا قانداق تۈرتكە بولىدۇ؟ يەنە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا قانداق قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ؟

## جۇڭگودىكى ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفونلارنىڭ 70%تىن كۆپرەكىدە بېيدوۇ مۇلازىمىتى بار بولدى

بېيدوۇ سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى ياڭ چاڭفېڭنىڭ ئاشكارىلىشىچە: «جۇڭگودا تورغا كىرگەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفونلار ئىچىدە، 70%تىن ئارتۇق يان تېلېفون بېيدوۇ مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەنگەن».

ئەگەر ئىنچىكە دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئەمەلىيەتتە ئاسماندىكى بېيدوۇنىڭ يان تېلېفون بىلەن تۇتاش بولۇپلا قالماي، بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ناھايىتى نۇرغۇن تەرەپلەر بىلەنمۇ تۇتىشىدىغانلىقىنى بايقاش تەس ئەمەس. 2000 - يىلى دۆلىتىمىز تۇنجى بېيدوۇ يول باشلاش تەجرىبە سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بەرگەندىن بۇيان، 20 يىللىق قۇرۇلۇش، تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈردى، بېيدوۇ سىستېمىسى دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلماقتا.

كەلگۈسىدە بېيدوۇ يەر شارىۋى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇپ پۈتۈشىگە ئەگىشىپ، «جۇڭگو بېيدوۇ» پۈتۈن يەر شارىغا يەنىمۇ بەخت يارىتىدۇ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا تېخىمۇ كەڭ ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

جۇڭگو سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: بېيدوۇ سىستېمىسى ئاممىۋى مۇلازىمىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق. ئېلېكترونلۇق سودا، كۆچمە ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال ياسىمىچىلىقى، ئورۇن بەلگىلەش مۇلازىمىتى قاتارلىق زاۋۇت - سودىگەرلەرنىڭ بېيدوۇنىڭ يول باشلاش مۇلازىمىتىنى قوللىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ، جۇڭگونىڭ ئاممىۋى ئىستېمالىغا، ئىقتىساد ۋە خەلق تۇرمۇشىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش ساھەسىگە ئومۇميۈزلۈك كىرمەكتە، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتمەكتە.

ئېلېكترونلۇق سودا ساھەسىدە، دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇن ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرىنىڭ ئەشيا ئوبوروتى يۈك ئاپتوموبىللىرى ھەم تەقسىملەپ يەتكۈزۈش خادىملىرى بېيدوۇ ئاپتوموبىل تېرمىنالى ۋە بىلەزۈكىنى ئىشلىتىپ، ئاپتوموبىل، ئادەم، مال ئۇچۇرلىرىنى رېئال ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاقايدىغان ئۈسكۈنىلەر ساھەسىدە، بېيدوۇ سىستېمىسىنى قوللايدىغان كۆپ خىل قول سائىتى، بىلەزۈك قاتارلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاقاشقا بولىدىغان ئۈسكۈنىلەر ھەممىدە ئوقۇغۇچىلار كارتىسى، ياشانغانلار كارتىسى قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەر توپىغا كۆيۈنىدىغان مەھسۇلاتلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ، كەڭ قوللىنىلماقتا.

## ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 345 مىليارد يۈەنگە يەتتى

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2019 - يىلى دۆلىتىمىزنىڭ سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يول باشلاش ۋە ئورۇن بەلگىلەش مۇلازىمىتى كەسپىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 345 مىليارد يۈەنگە يەتكەن. بېيدوۇ بىلەن ئالاقە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار قاتارلىق يېڭى تېخنىكىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى، بېيدوۇ زامان - ماكان ئۇچۇرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان يېڭى گۈللەنگەن كەسپلەرنىڭ ئېكولوگىيە زەنجىرىنى بەرپا قىلماقتا ھەم بېيدوۇ كەسپىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى يېڭى موتور ۋە ئىنتىرگوچكە ئايلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ۋە سودا ئەندىزىسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشتا تۈرتكە بولماقتا.

كۆپ يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، بېيدوۇ مۇكەممەل كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى، بېيدوۇ ئاساسىي مەھسۇلاتلىرى ئۆز ئالدىغا كونترول قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى، دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقارغان بېيدوۇ ئۆزىكى، مودۇلى قاتارلىق ھالقىلىق تېخنىكىلاردا ئومۇميۈزلۈك بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، ئىقتىدار كۆرسەتكۈچى خەلقئارادىكى ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلار بىلەن تەڭلەشتى. كۆپ خىل بېيدوۇ ئۆزىكىدىن كۆلەملەشتۈرۈپ قوللىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيەسى 22 نانومېترغا يەتتى. 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقارغان بېيدوۇ يول باشلاش تىپىدىكى ئۆزەك، مودۇل قاتارلىق ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى 100 مىليون پارچىدىن ئېشىپ كەتتى، دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقارغان ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى كارتا ۋە ئانتېنانىڭ سېتىلىش مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا دۆلەت ئىچى بازىرىنىڭ 30%ى ۋە 90%نى ئىگىلىدى.

## بېيدوۇ سىستېمىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە جەمئىيەت ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى

كىچىكى بىختەرلىك قالپىقىدىن تارتىپ چوڭى قاتناش - ترانسپورت، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىققىچە... بېيدوۇ سىستېمىسى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگەندىن بۇيان، قاتناش - ترانسپورت، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق، سۇ رايونى كۆزىتىش - ئۆلچەش، مېتېئورولوگىيەلىك ئۆلچەش - مەلۇم قىلىش، خەۋەرلىشىش ۋاقتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئېلېكتر كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، ئاممىۋى بىختەرلىك قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ قوللىنىشقا ئېرىشىپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە جەمئىيەت ئۈنۈمى ھاسىل قىلدى.

فۇجيەن شيامېندىكى 220KVلىق لى لىن ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، مۇخبىرلار نەق مەيداندىكى خىزمەتچىلەر كىيىۋالغان بىختەرلىك قالپىقىنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، قالپاق قاسقىنىنىڭ ئاستىدا نۇرغۇن كىچىك كۇنۇپكىلارنىڭ بارلىقىنى كۆردى، بۇ، بېيدوۇ ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى ۋاقىتتىن خەۋەرلەندۈرۈش - ئورۇن بەلگىلەش مودۇل گۇرۇپپىسى توپلاشتۇرۇلغان بىختەرلىك قالپىقى ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، بېيدوۇ سۈنئىي ھەمراھ سىستېمىسى بار بولسا، ئېلېكتر تورى شىركىتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى خەۋەرلىشىش ئاممىۋى تورى يوق رايونلاردا مەشغۇلات قىلغاندا، پەقەت كىچىككىنە «قىسقا خەۋەر ئالاقە تېرمىنالى»نى ئېلىپ يۈرۈپ، لەنيا ئارقىلىق يان تېلېفونغا ئۇلىغاندىن كېيىن، ئادەتتىكى يان تېلېفوندا بېيدوۇ قىسقا خەۋەر يوللاش ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ، نەق مەيدان ئەھۋالى ۋە ئورۇن ئۇچۇرىنى ئارقا سەپتىكى خادىملارنىڭ يان تېلېفونىغا يوللاپ بېرەلەيدۇ.

«ئارزۇدىن ئۈمىد بار»دىن «ئارزۇ قولدا»غا ئۆزگىرىپ، بۈگۈنكى بېيدوۇ «ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش» ئىستراتېگىيەسىنى تاماملىدى. 2035 - يىلغا بارغاندا، بېيدوۇ سىستېمىسىنى يادرو قىلغان ھالدا، دۆلىتىمىز يەنە تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك، تېخىمۇ يۇغۇرۇلغان، تېخىمۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق دۆلەت ئۇنىۋېرسال ئورۇن بەلگىلەش، يول باشلاش، ۋاقىتتىن خەۋەرلەندۈرۈش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

## 7 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسى باشلاندى

### ھەرقايسى تەشكىللىگۈچى ئورۇنلارنىڭ مۇسابىقىنى توردا قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شىي خۇيبيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، 9 - نۆۋەتلىك جۇڭگو يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسى(شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى) ۋە 7 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسى باشلاندى.

بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىدە «پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، نەتىجە قازىنىپ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان بولۇپ، يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلىگەن كارخانىلار گۇرۇپپىسى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان كارخانىلار گۇرۇپپىسى بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدۇ. شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانىلار مۇسابىقىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ تور بېكىتى(www.cxcyds.com)گە چىقىپ مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا تىزىملاتسا بولىدۇ.

مۇسابىقە رايون مۇسابىقىسى، ساھە مۇسابىقىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ۋە مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدىن ئىبارەت تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى چېڭ گۇڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يىلقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەشكىللىگۈچى ئورۇنلار سىملىق توردا ياكى توردا ئۆلگە كۆرسىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۇسابىقە ئېلىپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى. مۇسابىقە ئارقىلىق يادرولۇق تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغان، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بازارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بىر تۈركۈم ئەلا سۈپەتلىك تۈرلەرنىڭ كۆرسىتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

يەنە ئىگىلىنىشىچە، 6 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسىدە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 637 كارخانا مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا تىزىملاتقان، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان كارخانىلار گۇرۇپپىسىدىكى 353 كارخانا ۋە يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلىگەن كارخانىلار گۇرۇپپىسىدىكى 121 كارخانا سالاھىيەت تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن ھەممە رايون مۇسابىقىسىگە قاتناشقان، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى تۇنجى قېتىم ئومۇميۈزلۈك قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغان؛ ئەڭ ئاخىرىدا بەش كارخانا مەملىكەتلىك ساھە مۇسابىقىسى بويىچە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشىدىكەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

## شاد - خۇراملىققا تولغان توي مۇراسىمى چۈشتىن كەچكىچە داۋاملاشتى

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ ئارال بازىرى قاشبويى كەنتىدە، ئونسۇ ناھىيەلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى شىي دەندەن مۇخبىرلارنى ئېلىپ قەدىناس دوستى شازادەنى يوقلاپ كەلدى.

بۇلتۇر يىل بېشىدا، شازادە ئونسۇ ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىدى، ئۇ دائىم خىزمەت ئەترىتىگە بېرىپ ئۆزى ياردەملىشىپ قىلغۇدەك ئىش بار - يوقلۇقىنى سوراپ تۇردى، خىزمەت ئەترىتىمۇ ئۇنىڭ شەخسىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. تەڭتۇش بولغانلىقتىن، شىي دەندەن بىلەن شازادە ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

«ئۇ پۈتۈڭخۇانى ياخشى سۆزلەيدۇ، ئۈمىدۋار، ئوچۇق - يورۇق، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلەپ كىرىم يارىتالىغانلىقىنى، ئائىلە قۇرۇپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىمىز ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولدۇق» دېدى شىي دەندەن.

شازادە ئۆيىنى ناھايىتى چىرايلىق بېزىگەندى، ئازادە مېھمانخانىغا ئىككى رەت سافا قويۇلغان، ئوتتۇرىغا ئىككى ساجى جۈپلەپ قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە ھەر خىل قۇرۇق مېۋە، پېچىنە - پىرەنىكلەر تىزىلغانىدى، ھويلىغا گۈل ۋە كۆكتات تېرىلغان بولۇپ، ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى. «بىلال ماموت باشقىلارغا ياردەملىشىپ ئىش قىلىشىپ بەرگىلى كەتتى» دېدى ئېرىنى تىلغا ئېلىپ شازادە تولۇپ تاشقان مېھىر - مۇھەببەت بىلەن.

«تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تەرەققىي قىلىشىمغا يار - يۆلەك بولۇشنى ئويلاپ، مەندىنمۇ بەكرەك ئالدىرىدى. ئۇلار ياڭاق، ئۈزۈمدىن كىرىم قىلغاندىن باشقا يەنە كىرىم قىلىش يولىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ، دېدى.» شازادەنىڭ ئائىلىسىدە بىر تايلاش ماشىنىسى بار بولۇپ، بۇزۇلۇپ قالغانلىقتىن ئىزچىل ئىشلىتىلمىگەنىدى. خىزمەت ئەترىتى ياردەملىشىپ ماشىنىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، خېرىدارلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بەردى، يەنە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ شوپۇر — قوشنا كەنتتىكى يىگىت بىلالنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى.

ناھايىتى تېزلا، بىلال ماشىنىنى ھەيدەپ ئېتىزلىقتا ئالدىراش ئىشلەپ، ئورۇۋېلىنغان بۇغداي شېخىنى تايلاشقا باشلىدى، پەقەت مۇشۇ بىر تۈردىلا، بۇلتۇر 40 مىڭ يۈەن پۇل تاپتى. شازادە بىلەن بىلالمۇ مۇھەببەتلەشتى.

بۇلتۇر 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئىككىسى زىياپەت زالىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، مېھمانلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى، خىزمەت ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بېرىپ تەبرىكلىدى. «توي ئىنتايىن قىزىپ كەتتى، چۈشتىن كەچكىچە داۋاملاشتى، شادلىققا چۆمگەن يىگىت بىلەن كېلىن ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى، ئالاھىدە خۇشال ئىدى.» شىي دەندەن مۇنداق دېدى: شازادەنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى شۇنىڭدىن باشلاندى.

## چاي دەملەشتىن تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدى

شازادە ئىلگىرى بىر قېتىم توي قىلىپ قىسقا ۋاقىت ئۆي تۇتقان، ئۈمىدسىزلەنگەنلىكتىن، بىر مەزگىل يېڭى مۇھەببەتكە ئىنتىلىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. تىرىشچان، ئەستايىدىل بىلال ئۇنى تەسىرلەندۈردى. «مەن ئىلگىرى توي قىلغان، يەنە كېلىپ ئۇ مەندىن تۆت ياش كىچىك، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بولغان بولسا بېسىم بولاتتى. ھازىر كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيە قارىشىدىكى تۈگۈنلەر يېشىلدى، مېنىڭمۇ ئەندىشىلىرىم تۈگىدى» دېدى شازادە.

ئون يىل بۇرۇن، شازادە ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغان، ئاشۇ چاغدا ئۇ تېخى مەكتەپتە ئوقۇيتتى، چوڭلار ئۇنى قانۇنسىز دىنىي ئۆگىنىشكە ئاپىرىپ بەرگەن. «بىز ئاڭلىغان ئۈن ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەسەبىي ئىدىيەدىكى مەزمۇنلار ئىدى، مەسىلەن، ‹ناماز ئوقۇمىسا دوزاخقا كىرىدۇ› دېگەندەك، يەنە بۆلگۈنچىلىك ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ئىدىيەسى تەرغىب قىلىنغان مەزمۇنلار بار ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىم بولمىغاچقا، ئاڭلاۋېرىپ، چوڭقۇر ئىشىنىپ گۇمانلانمىغانىدىم.» شازادە مۇنداق دېدى: كېيىن، مەن يەنە توردىن قانۇنسىز ئۈن - سىن چۈشۈرۈپ، باشقىلارغا تارقاتتىم.

«مېنىڭ شۇنى بىلگۈم كەلىدىكى، نېمە ئۈچۈن ئاشۇ كىشىلەر ئېيتقان ‹قائىدە›لەرگە ئىشەنگەندىن كېيىن تۇرمۇشتىن بارغانسېرى ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمەن. بۇ ۋاقىتتا، مەن كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشۋىقاتىنى ئاڭلاپ، ئاندىن كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇش ھەققى، تۇرمۇش ھەققىنىڭ پۈتۈنلەي ھەقسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا تىزىملاتتىم، ئىلتىماس قىلدىم.» شازادە مۇنداق دېدى: ئۆگىنىش ئارقىلىق، مەن ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىۋالدىم، ئەمدى ھەرگىز ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيمەن.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، شازادە تىرىشىپ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت ئۆگەندى، ئۇ يەنە ھەر خىل قىزىقىش سىنىپلىرىغا تىزىملىتىپ قاتناشتى. چاي سەنئىتى سىنىپىدا، شازادە چاي يۇيۇش، چاي دەملەش، چاي ئىچىپ ھۇزۇرلىنىشتەك ئېسىل ھېس قىلىش تۇيغۇسىغا مەپتۇن بولۇپ قالدى، «جېڭشەن شياۋجۇڭ» چېيىنىڭ تەمىگە بەكرەك مەپتۇن بولۇپ قالدى. «گۈل ھىدى بار، يەنە ئازراق تاتلىق تەمى بار، رەڭگىمۇ چىرايلىق» دېدى ئۇ.

تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇ ئاقسۇ شەھىرىدىكى چوڭ تالالا بازىرىغا بېرىپ كۆڭلىدىكىدەك يايپۇقچلۇق قاچا تاللىدى، بىر قۇتا «جېڭشەن شياۋجۇڭ» چېيى سېتىۋالدى. شۇ كۈنى ئۇ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىسىنى ئۇچرىتىپ قالدى، ئوقۇتقۇچىسى خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دېدى: «شازادە، سىز بارغانسېرى چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز».

ئۇ ئوقۇتقۇچىسىغا ئۆزىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى، يەنە مۇنداق دېدى: «مەن مەكتەپتە چاي دەملەشنى ئۆگىنىۋالدىم، تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدىم، راستىنلا ئىنتايىن مىننەتدارمەن.» ئوقۇتقۇچىسى جاۋابەن مۇنداق دېدى: «مىننەتدارلىقىڭىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، سىز تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تىرىشىڭ!»

## ھازىرقى تۇرمۇشىمىز ناھايىتى بىختەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە

شازادىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، چاي ئىچىپ ھۇزۇرلىنىش بەختلىك كىشىلىك ھاياتنى مۇراسىم تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى. تۇرمۇشتىمۇ بەخت مەزمۇنلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، مەسىلەن، ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىدىكى گۈل ۋە كۆكتاتلارنى پەرۋىش قىلىش، چۈشتە ئالدىراش ئېرىگە ئۇسسۇزلۇق ۋە تاماق ئاپىرىپ بېرىش، كەچتە يۈز چاپلىقى چاپلاش، يان تېلېفوندا ناخشا ئاڭلاش.

«ھازىرقى تۇرمۇشىمىز ناھايىتى بىختەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە، بىلال ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ، خىزمەت ئەترىتىمۇ ئىزچىل بىزگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ» دېدى شازادە.

شازادەنىڭ ئۆزىنىڭمۇ پۇل تېپىش يولى بار بولدى، يەنى ئۇ ئۈندىدار سودىگىرى بولدى. ئۇ گىرىم قىلىپ ياسىنىشنى ياخشى كۆرەتتى، مۇشۇ سەۋەبتىن ئۈندىدار سودىسى قىلىدىغان بىرەيلەن بىلەن تونۇشۇپ دوست بولدى، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئۇمۇ مەھسۇلات سېتىشقا باشلىدى.

«ۋاكالەتچى سودىگەر ئۇرۇۋەچىلىك ئىدى، مەن مەھسۇلاتنى ئىشلىتىپ ئۈنۈمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن توردا ۋاكالەتچى سودىگەرگە ئەگىشىپ سېتىشنى ئۆگەندىم. دەسلەپتە قوشنىلىرىمغا سېتىشتىن باشلىدىم، ھازىر مېنىڭ ئۈندىداردا 195 ياخشى دوستۇم بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يوشۇرۇن خېرىدارلىرىم» دېدى شازادە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ ئۆيىگە يۈرۈشلۈك گىرىم بۇيۇملىرى، يۈز يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، يۈز مەلھىمى، كۆز مەلھىمى، يۈز چاپلىقى، قول ئاسراش مېيى تىزىلغانىدى، يەنە ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ئەسۋابىمۇ بار ئىدى. 3 - ئايدىن بۇيان، ئۇ يەتتە ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ئەسۋابى سېتىپ، ھەر بىرىدىن 100 يۈەن تاپتى. ئۇ مۇنداق دېدى: ۋاكالەتچى سودىگەر دائىم ئېتىبارلىق پائالىيەتلەرنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، باھاسىنى چۈشۈرۈش دەرىجىسىمۇ مېنى ۋە دوستلىرىمنى ناھايىتى جەلپ قىلىدۇ.

«بىلال ھازىر قىزلارنىڭ ھەممىسى گۈزەللىكنى سۆيىدۇ، ئەمەلىي دۇكان ئېچىپ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، ئاسراش مۇلازىمىتىنىمۇ قىلىڭ، دېدى، مەن بەكلا قىزىقتىم» دېدى شازادە. مەيىن شامال سىيپاپ ئۆتۈپ، مېھمانخانىدىكى پەردىلەرنى يېنىك يەلپۈدى، مېھمانخانا سالقىنلىدى، ھويلىغا تېرىلغان كۆكتاتلار باراقسان ئۆسمەكتە، قىزىق چاي پىيالىسىنى تۇتقان شازادە مۇنداق دېدى: «مەن مۇشۇنداق تۇرمۇشنى سۆيىمەن».